# ئى ئاللاھ! چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىل، دېگەندە ساھابىلەر: قىسقارتقانلارغىچۇ ئى رەسۇلۇللاھ! دېدى، رەسۇلۇللاھ «يەنىلا»: ئى ئاللاھ! چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىل، دېدى. ساھابىلەر: قىسقارتقانلارغىچۇ ئى رەسۇلۇللاھ دېۋىدى، ئى ئاللاھ! چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىل، دېدى. قىسقارتقانلارغىچۇ ئى رەسۇلۇللاھ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: قىسقارتقانلارغىمۇ ھەم رەھمەت قىل دەپ دۇئا قىلدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئاللاھ! چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىل، دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ساھابىلەر: قىسقارتقانلارغىچۇ ئى رەسۇلۇللاھ! دېگەندە، رەسۇلۇللاھ «يەنىلا»: ئى ئاللاھ! چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىل، دېدى. ساھابىلەر: قىسقارتقانلارغىچۇ ئى رەسۇلۇللاھ دېۋىدى، ئى ئاللاھ! چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىل، دېدى. قىسقارتقانلارغىچۇ ئى رەسۇلۇللاھ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: قىسقارتقانلارغىمۇ رەھمەت قىل دەپ دۇئا قىلدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

چاچ چۈشۈرۈش ۋە قىسقارتىش ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن. چاچنى چۈشۈرۈش قىسقارتقاندىن ئەۋزەل چۈنكى چاچنىڭ تېگىدىن ئېلىۋېتىش ئاللاھ تائالاغا تولۇق بويسۇنغانلىق بولۇپ ئۇ ئىبادەتنىڭ ماھىيىتىگە، ئاللاھ تائالاغا يېلىنىشقا ئەڭ يېقىن، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاچ چۈشۈرگۈچىلەرگە ئۈچ قېتىم دۇئا قىلغاندا، ساھابىلەر قىسقارتقانلارنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ ئۇلارغا قۇلاق سالمىغان، ئۈچىنچى ياكى تۆرتىنچى قېتىمدا ئۇلارنىمۇ دۇئادا قاتقانلىقى ھەج ۋە ئۆمرىدە ئەرلەرگە نىسبەتەن چاچ چۈشۈرۈشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ پەقەت ھەج تەمەتتۇئدىن باشقا ئەھۋاللاردا. ئەمما ھەج تەممتتۇئدا ئۆمرە بىلەن ھەجنىڭ ئارىلىقى قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆمرىدە چاچنى قىسقارتىپ ھەجدە چۈشۈرۈش ئەۋزەل



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee